UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

20.11.2020 – 29.11.2020

8 - سان
01/12/2020


تەييارلىغۇچىلار : نىجات تۇرغۇن
: م. تەڭرىقۇت
: مەمەتئېلى مەمەتئىمىن

تەھرىرلەر: : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: پاسبان


https://www.uysi.org/ug/

## ئامېرىكا - خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ھەپتىلىك خەۋەر،
## ئانالىز ۋە تەكلىپ – پىكىرلەر
28.11.2020—20.11.2020

**تەييارلىغۇچى : م . تەڭرىقۇت**

ھىندى - تىنچ ئوكيان رايونىدا ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ قايسىسىنىڭ تەسىر كۈچى زور؟ RAND تەتقىقات مەركىزى تېخى يېقىندىلا بۇ ھەقتە بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتاينىڭ رايوندىكى تەسىر دائىرىسى ئامېرىكىنىڭدىن چوڭ ئىكەن. لېكىن دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي جەھەتتىن بولسا ئامېرىكا خىتايدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. لېكىن دوكلاتتا، رايوندىكى دۆلەتلەر ئادەتتە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بىخەتەرلىكتىن مۇھىم دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

RAND تەتقىقات مەركىزى يەنە رىقابەت مۇھىتىدىكى ئىككى دۆلەتكە نىسبەتەن تەسىر كۈچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگىمۇ قىسقىچە ئېنىقلىما بەرگەن بولۇپ ، تەسىر كۈچ بىر دۆلەتنىڭ ( مەسىلەن ئامېرىكانىڭ) يەنە بىر دۆلەتنىڭ قارارى ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە شەكىللەندۈرۈش ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئىتتىپاقدىشىنىڭ بۇ دۆلەت (ئامېرىكا) بىلەن بولغان ئورتاق مەنپەئەتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ دوكلاتتا ئىككى دۆلەتنىڭ رايوندىكى مەقسىدى ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، خىتاينىڭ مەقسىدى - ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى


كېڭەيتىش، رايوننىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە خىتايغا بولغان بېقىندىلىقىنى كۈچەيتىش بولسا، ئامېرىكىنىڭ مەقسىدى رايوننىڭ ئەركىنلىكى ۋە دۇنياغا ئوچۇقلۇقىنى قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش شۇنداقلا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش دېيىلگەن.

RAND يەنە خىتاي ۋە ئامېرىكانىڭ ئەڭ كەسكىن رىقابەت ئېلىپ بارىدىغان ئالتە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلىتىنى (مالايسىيە، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، سىنگاپور، تايلاند ۋە ۋېيتنام) ئايرىپ چىققان ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىتتىپاقدىشى (ئاۋستىرالىيە، ھىندىستان،ياپونىيە) بىلەن قوشۇپ ئانالىز ئېلىپ بارغان . تەتقىقات نەتىجىسىدە مالايسىيا، تايلاند ۋە ۋېيتنام قاتارلىق دۆلەتلەردە خىتاينىڭ تەسىر كۈچىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، ھىندونېزىيەدە بولسا ئىككى تەرەپنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى، ئەمما ،فىلىپپىن ۋە سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردە بولسا ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ خىتايدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئاۋستىرالىيە، ھىندىستان،ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بولسا يەنىلا ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچى خىتاينىڭ ئالدىدا ئىكەن.

تەپسىلاتى ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ.[1]

*ئەسكەرتىش: جەدۋەل RAND نىڭ مەزكۇر دوكلاتىدىن ئېلىندى.*

[1] Bonny Lin, Michael S. Chase, Jonah Blank, Cortez A. Cooper III, Derek Grossman, Scott W. Harold, Jennifer D. P. Moroney, Lyle J. Morris, Logan Ma, Paul Orner, Alice Shih, Soo Kim “U.S. Versus Chinese Powers of Persuasion:Does the United States or China Have More Influence in the Indo-Pacific Region?”,Rand Corporation. https://www.rand.org/pubs/research_briefs/RB10137.html#related




ئامېرىكا خەلقى ئارىسىدىكى قۇتۇپلىشىش، ۋىرۇس ۋە ئامېرىكا يىللاردىن بېرى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان تاشقى سىياسەتلەر خىتاي ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بايدىن ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن نېملەرگە دۇچ كېلىدۇ؟

بۇ ھەقتە تەيۋەندىكى ئامېرىكا ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى دوگلاس پال بايدىننىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇلار ۋىرۇس، قۇتۇپلىشىش، ئىرقى ئادالەتسىزلىك ۋە ئىقتىساد قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئامېرىكا باشتا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندىن كىيىن ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى لىدىرلىق ئورنىنى قايتىدىن تىكلەش ئارقىلىق ئاندىن خىتايغا زەربە بېرەلەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىشلار باشتا، خىتاي مەسلىسى بۇنىڭدىن كېيىن كېلىشى لازىم.

ئۇنىڭ قارىشىچە، بايدىن ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ يىللاردىن بېرى

يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان بۇشىنىڭ «مەڭگۈلۈك ئۇرۇش»، ئوبامانىڭ مەغلۇپ بولغان «ئاسىياغا قايتىش» ۋە «ئاسىيا- تىنچ ئوكيان سودا سىياسىتى» ۋە ترامپنىڭ ئىتىپاقداشلارنى ئازايتىش قاتارلىق بارلىق سىياسەتلەرنىڭ، ئامېرىكىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. ئامېرىكا بۇ «جاڭگاللار»دا لاغايلاپ يۈرگەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ خىتاي ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆزىنى كۈچەيتىۋالدى ۋە ئامېرىكا قالدۇرۇپ قويغان بوشلۇقلارنى تولدۇردى.

ئۇ يەنە خىتاي سەممىي بولسا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يېقىندا تىنچ ئوكيان رايونىدىكى 15 دۆلەتنىڭ بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغانلىقىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ رايوندىكى قىممەت قاراش ۋە قائىدە - ئۆلچەملەرنى بىرلەشتۈرۈش رولى ۋە ئىستراتېگىيەسىدىن قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. [2] ئۇنىڭ يازمىسى يېڭى ھۆكۈمەتكە قارىتا تەۋسىيە خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئامېرىكا باشتا خىتاي بىلەن ھەپىلىشىشنىڭ ئورنىغا دۆلەت ئىچىدىكى كىرىزىسلارغا مەركەزلىشىشى كېرەك ئىكەن.

ئامېرىكىنىڭ ياكى بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى دۆلەت ئىچى، خەلقئارا ۋە خىتاي ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە يۇقارقىغا ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش ۋە تەۋسىيەلەرمۇ كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ئامېرىكىنىڭ ھەم دۆلەت ئىچى ھەم دۇنياۋى سىياسىتىنى تەڭ

[2] Douglas H. Paal, “Why Joe Biden’s first order of business should be America, not China”, South China Morning Post, 20.11.2020 https://www.scmp.com/comment/opinion/article/3110358/why-bidens-first-order-business-should-be-america-not-china

تەڭشەش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدۇر. تۈركىيەنىڭ ئەڭ داڭلىق تەتقىقات مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان SETA نىڭ ئامېرىكىدىكى تارمىقىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئامېرىكا تاشقى سىياسەت مۇتەخەسسىسى قىلىچ بۇغرا قانات بايدىننىڭ ھالقىلىق ۋەزىپىلەرگە قويغان كىشىلىرىگە دىققەت قىلغان ئاساستا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ ئانتونىي بلىنكىن، جېيك سالۋىن قاتارلىق سىياسەتچىلەرنىڭ 20 يىلدىن كۆپ سىياسىي تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە بايدىننىڭمۇ پۈتۈن ھاياتىدا سىياسەت بىلەن ھەپىلەشكەن كىشى ئىكەنلىكىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ گورۇپپا خەلقئارالىق بىر ئىستراتېگىيە پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بولۇپ ئۈچ ئامىل بۇلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم :

1. ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى لىدېرلىكى.

بىلىنكىن ۋە فلورنوي قاتارلىقلار دېموكراتلار ئارىسىدىكى «بۈركۈتلەر» بولۇپ ، بىر ئاز مىللەتچى خاراكتېرگە ئىگە ۋە خەلقئارا مەۋجۇت سىستېمىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى رولىنى ناھايىتى مۇھىم دەپ بىلىدىغان كىشىلەردۇر. يەنى بۇلارنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا دۇنيا سىياسىتىدىن ئۆزىنى تارتقانسېرى دۇنيا قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ ۋە بۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق. شۇڭا ئامېرىكا دۇنيا ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلىششى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن بايدىن بىر نۇتقىدا «ئامېرىكا قايتىپ كەلدى» دېگەن.

2. ئىتتىپاقداشلار بىلەن مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش .

يېڭى ھۆكۈمەت بۇنى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايدۇ. بۇ كونكرېت

قىلىپ ئېيتقاندا ناتونىڭ رولىنى كۈچەيتىش، تىنچ ئوكيان ۋە ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداشلار بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋە بۇلارنىڭ پەقەت گېئوپولىتىك قاتلامدىلا ئەمەس، گېئو ـ ئىقتىساد قاتلامدىمۇ ياخشى بىر نەتىجىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيە بىر تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ قالماستىن، يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكىغا كەڭرى بىر ھەرىكەت مەيدانى ھازىرلايدۇ. بۇ ھەقتە بىلىنكىننىڭ دائىم دەپ كېلىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ ئىقتىسادىنىڭ 25% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن باشقا ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە 65% تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىنىمۇ ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا تەرەپكە قايدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرىگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

3. ھەم گېئوپولىتىك ھەم گېئو ئىقتىسادىي تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈش.

بۇ تاشقى سىياسەتتە ئىقتىسادنىڭمۇ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە بۇنىڭغا قارىتا دىپلوماتىيە پىلانى تۈزۈش ۋە يۈگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

4. ئامېرىكىنىڭ قىممەت قارىشىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش.

بۇ ئامېرىكىنىڭ قىممەت قارىشىنى دۆلەت ئىچىدە كۈچلۈك ھالەتكە ئېلىپ كېلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنى دۇنياغا يېيىش ئارقىلىق تەسىر كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتىش. بايدىن ھۆكۈمىتى بۇ ھەقتە ئوبامانىڭ ئامېرىكا قىممەت قاراشلىرىنى سىرتقا كېڭەيتمەسلىك سىياسىتىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېيتقان بولۇپ، بۇ قىممەت قاراشلارنى ھەم ئامېرىكا ئىچىدە ھەم دۇنيادا بىرلىكتە تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ھەم دۇنيا ئۈچۈن ھەم ئامېرىكا ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ھۆكۈمەت دۇنيا ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئارىلىشىدىغان ۋە رەھبەرلىك قىلىدىغان تاشقى سىياسەت چۈشەنچىسىگە ئىگە. بايدىن ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ

داۋامى بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

خىتايغا قارشى ئىستراتېگىيە ھەققىدە بۇلارنىڭ پەرقى نېمە؟

ترامپ خىتاي بىلەن بىرگە - بىر تۇتۇشۇش يولىنى تاللىغان بىر لىدىر. چۈنكى ترامپ ئۆزى كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيەنىڭ ئادىمى ئەمەس ۋە كۆپ تەرەپلىك يىغىنلاردىمۇ بىئارام بولىدىغان مىجەزى بار. لېكىن بايدىن ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئامېرىكىنى باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلىق ۋە كۈچلۈك قىلىدىغىنى ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بولۇشىدۇر ۋە خىتايغا قارشى بۇ ئۈستۈنلۈكنى قوللىنىش تېخىمۇ ئاقىلانىلىك دەپ قارايدۇ.

ترامپتىن يەنە بىر پەرقى بولسا خەلقئارالىق ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە يېڭىلاش. ترامپ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرۇلغان تەشكىلاتلارنىڭ ھېچبىرىنى ياقتۇرمايتتى. لېكىن بايدىن ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا بۇ تەشكىلاتلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغانسېرى ۋە بۇلاردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنسېرى بۇ بوشلۇقنى خىتاي تولدۇرىدۇ. شۇڭا بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرۇپ ۋاقتى كەلسە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق خىتاينىڭ بۇ يەرلەردىكى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە خىتاينىڭ ئۆزلىرى قۇرغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭمۇ كۈچىنى ئاجىزلىتىشتۇر.

يەنى بايدىن ھۆكۈمىتى، ترامپنىڭ يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىغا زىيان ۋە خىتايغا پايدا ئېلىپ كەلدى دېگەن كۆز قاراشتا. ئۇلار تۆت يىل بۇرۇنقى ئامېرىكىدىن ھازىرقى ئامېرىكا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ئەمما تۆت يىل بۇرۇنقى خىتاي ھازىر تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا كەلدى دەپ قارايدۇ.

بايدىننىڭ ھازىرچە مەلۇم بولغان مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان كىشىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:[3]

1. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ـ ـ ـ ئانتونى بلىنكىن (Antony J. Blinken)
2. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ـ مىشىل فلورنوي (Michele Flornoy) ئايال [4]
3. دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى ـ ـ جېك سالىۋېن (Jack Sulliven)
4. دۆلەتلىك ئىستىخبارات دىرېكتورى ـ ـ ـ ئاۋرىل خەينىس (Avril Haines) ئايال
5. ئىچكى ئىشلار بىخەتەرلىك باش كاتىبى ـ ـ ئالھاندرو مايوركاس (Alejandro Mayorkas)
6. ب د ت باش ئەلچىسى ـ لىندا توماس (Linda Thomas) قارا تەنلىك ئايال
7. دۆلەت خەزىنىسى باش كاتىبى ـ ـ ـ جەنىت يېللىن (Janet Yellen) ئايال

يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بلىنكىن بايدىنغا ئەڭ يېقىن ۋە 25 يىللىق سىياسىي تەجرىبىگە ئىگە بىرى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى لىدېرلىقىنى تىكلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان سىياسەتچى. بايدىننىڭ

[3] Zack Monthague, “Biden’s Cabinet: Whom He’s Picked So Far”, The New York Times, 27.11.2020. https://www.nytimes.com/article/joe-biden-cabinet.html


[4] Abraham Mahshine, “Michele Flournoy, in line to be first female defense secretary, may be forced by Biden to shrink DOD”, MSN, 11.11.2020 https://www.msn.com/en-us/news/politics/michele-flournoy-in-line-to-be-first-female-defense-secretary-may-be-forced-by-biden-to-shrink-dod/ar-BB1aUnTW


كابىنېتىدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا بولسا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن مىشىل فلورنويدۇر. پىرېزىدېنتتىن قالسىلا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ چوڭ ھوقۇقى مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا تارىخىدا بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تۇنجى ئايال بولۇپ قالغان. ئۇ ئامېرىكا مۇداپىئە ساھەسىدە مول تەجرىبىگە ئىگە، شۇنداقلا ترامپنىڭ مۇداپىئە مىنىستىرى ئېسپېرىغىمۇ يېقىندىن ياردەم ۋە مەسلىھەتتە بولغان. ئامېرىكىنىڭ ھەربىي خامچوتىنى ئاشۇرۇش تەرەپدارى شۇنداقلا دېموكراتلار ئارىسىدىكى بۆركۈت دەپ قارىلىدۇ. كۆزەتكۈچىلەر بىردەك ھالدا ئۇنىڭ ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇداپىئە سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىدۇ دەپ قاراشماقتا.[5]

CSIS يېقىندا ئامېرىكىنىڭ ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ خىتايغا قارشى ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولغان رايى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. تەتقىقاتتا ئۇلار ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 1967 مۇتەخەسسىسنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى سورىغان بولۇپ، تەتقىقات نەتىجىسىدە 74% مۇتەخەسسىس ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى لازىم دەپ جاۋاپ بەرگەن. 56% مۇتەخەسسىس بولسا ئۆزىنىڭ دۆلىتىنىڭ خىتايغا قارشى ئامېرىكا بىلەن ۋە باشقا ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى لازىم دەپ جاۋاپ بەرگەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پەقەت 8.8% لا ئامېرىكا خىتاي بىلەن ھەمكارلىق ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم دەپ قارىغان. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ئۆزىنىڭ دۆلىتىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئەمەس، خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل

[5] Abraham Mahshine, “Michele Flournoy, in line to be first female defense secretary, may be forced by Biden to shrink DOD”, MSN, 11.11.2020 https://www.msn.com/en-us/news/politics/michele-flournoy-in-line-to-be-first-female-defense-secretary-may-be-forced-by-biden-to-shrink-dod/ar-BB1aUnTW

قىلىش لازىم دەپ قارايدىغان ئارانلا 2.93% بولغان. [6]




[6] MAPPING THE FUTURE OF U.S. CHINA POLICY: VIEWS OF U.S. THOUGHT LEADERS, THE U.S. PUBLIC, AND U.S. ALLIES AND PARTNERS, CSIS. 13.10.2020 https://chinasurvey.csis.org/analysis/allies-and-partners-want-us-china-cooperation/

خىتاي تەرەپ بايدىننىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ خىتايغا قارشى چەكلەش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر قاتار تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ بولغان بولۇپ بۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. شى جىنپىڭ بايدىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاپ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق تەرەپلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بېرىپ پەرقلىق بولغان تەرەپلىرىنى بولسا ساقلاپ قېلىش ۋە كونترول قىلىشى ھەققىدىكى ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن.
2. خىتاي 14 دۆلەت بىلەن RCEP نى ئىمزالاپ بولغاندىن كېيىن شى يەنە ئوباما دەۋرىدە يولغا قويۇلۇپ ترامپ ۋاقتىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، شۇنداقلا 2018- يىلى باشقا 11 ئەزا دۆلەت تەرىپىدىن باشقىچە شەكىلدە يولغا قويۇلغان « كەڭ دائىرىلىك تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىق ئەھدىنامىسى » دەپ ئاتالغان CPTPP غا خىتاينىڭمۇ قاتنىشىشىنى ئويلاۋاتقانلىقى بىلدۈرگەن. ئامېرىكا ھەر ئىككى ھەمكارلىققا ئەزا بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىتاينىڭ بۇنداق قىلىشى ئامېرىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى چەكلەش رولىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن.
3. ئامېرىكا ياۋروپا بىلەن خىتايغا قارشى بىرلىك ھاسىل قىلىشتىن بۇرۇن، خىتاي تەرەپ يەنە ناھايىتى جىددى ھالەتتە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئەركىن سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قاتىرىماقتا. شى سەيشەنبە كۈنى مېركىلغا تېلېفون قىلىپ ئىككى تەرەپلىك مەبلەغ سېلىش قاتارلىق تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرتنامىنى كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتتۈرۈپ بولۇش ئۈچۈن

كۈچەيدىغانلىقىنى سۆزلىگەن.

4. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي تەرەپ يەنە دىپلوماتىيەدىكى قوپاللىقىنى ئۆزگەرتىشى، شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشى ۋە يەنە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىككى كانادا پۇقراسىنى قويۇپ بېرىشى مۇمكىن.[7]

Brookings Institution in Washington دىكى چېن لى قاتارلىق بەزى تەتقىقاتچىلار  بايدىن هۆكۈمىتىنى يەنە ترامپ هۆكۈمىتى قالدۇرۇپ كەتكەن «ئۈچ تۇزاق»تىن هەزەر ئەيلەشكە چاقىرغان. بۇلار :

1. خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنى خىتاي دۆلىتىدىن ئايرىپ قاراش
2. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىيادە خىتاي دۈشمەنلىكى. بۇ ئەكس تەسىر بېرىپ، خىتاي مىللەتچىلىكىنى ۋە ئامېرىكا دۈشمەنلىكىنى ئۇلغايتىۋېتىش ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ خىتاي ئىچىدىكى قوللاش نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.
3. ئوچۇق ئاشكارا خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىش. بۇمۇ خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ  خىتاي ئىچىدىكى مەشرۇئىيىتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. [8]

[7] Wang Xiangwei, “How Beijing can reduce US-China tensions ahead of the Biden presidency”, South China Morning Post, 28.11.2020. https://www.scmp.com/week-asia/opinion/article/3111720/how-beijing-can-reduce-us-china-tensions-ahead-biden-presidency

[8] Catherine Wong, “China-US relations: Biden should avoid Trump era’s ‘three traps’, researcher says”, South China Morning Post, 20.11.2020 https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3110734/china-us-relations-biden-should-avoid-trump-eras-three-traps

خىتاي ئاۋسترالىيەنى خىتاي ۋىرۇسىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلىشتا چېكىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازا يۈرگۈزگەن. بۇنىڭغا قارىتا ترامپ ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى تېخىمۇ قاتتىق جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ترامپنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرى خىتاينىڭ قوپال تاشقى سىياسىتىگە قارىتا غەربنىڭ ئورتاق بىر مالىيە ئىتتىپاق سىستېمىسى قۇرۇش ئارقىلىق جازالاش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پىلانغا ئاساسلانغاندا، بۇ سىستېما ئارقىلىق خىتاي ھەر قانداق بىر ئىتتىپاقداشقا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزسە ئۇ دۆلەتنىڭ خىتاي ئىمبارگو قويغان تاۋارلىرىنى بىرلىكتە سېتىۋېلىش ھەتتا زىيىنىنى بىرلىكتە تۆلەپ بېرىش، شۇنداقلا خىتايغا قارشى ھەممە ئىتتىپاقداشلار بىرلىكتە ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈشى كېرەك ئىكەن. بۇ پىلانىي يەنىمۇ كېڭەيتكىلى بولىدىغان بولۇپ شەرقىي تۈركىستان رايونىدىن كېلىدىغان ماللارنى بىردەك توختىتىش، جازالاش تىزىملىكىدىكى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. لېكىن بۇ پىلانىي ئىجرا قىلىشنىڭ قىيىن تەرەپلىرى بار بولۇپ، بۇلار ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلگە كېلىپ قېلىشى، بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلىپ مېڭىش ماگماسلىقى ۋە خىتاي بىلەن زىچ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار دۆلەتلەرنىڭ قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشى قاتارلىقلار ئىكەن.[9]

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭيى 11- ئاينىڭ 24- كۈنى توكيوغا بېرىپ ياپونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ ۋىرۇس دۇنياغا يامراپ كەتكەن بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە دۇنيا قول تۇتۇشۇپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خىرىسلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشى لازىم ۋە بۇ كىرىزىسلار دۇنياۋىي ۋە رايونلۇق كۈچ بولغان ياپونىيە ۋە خىتاينىڭ بۇ

[9] Bob Davis “White House Weighs New Action Against Beijing”, WSJ, 23.11.2020. https://www.wsj.com/articles/white-house-weighs-new-action-against-beijing-11606138925?mod=hp_featst_pos3

ھەقتىكى مەسئۇلىيەتلىرىگە باغلىق دېگەن.

ۋاڭيىنىڭ دېيىشىچە، خىتاي ياپونىيە بىلەن بەش نۇقتىدا ئورتاق تونۇشقا كەلگەن :

1. بىر- بىرى بىلەن ھەمكارلاشقۇچى بولۇش، ئۆز- ئارا تەھدىت شەكىللەندۈرمەسلىك.
2. ۋىرۇسقا قارشى داۋالاش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە رايوننىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئاممىۋى ساغلاملىق ساھەسىدە ھەمكارلىشىش
3. ئىرلىكتە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش. كېلەر يىلى بۇ ھەقتە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى ئورۇنلاشتۇرۇش. پەن- تېخنىكا، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق ساھەلەردە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش.
4. بىرلىكتە رايونلۇق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىتاي، كورىيە ۋە ياپونىيە ئارىسىدىكى ئەركىن سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش.
5. بىر بىرى بىلەن ھەمكارلىشىش، بىر بىرىنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ساھىبخانلىقىنى قوللاش . [10]

رىم كاتولىك دىنى پاپاسى ۋە خىرىستىئان دۇنياسىنىڭ روھانىي لىدېرى فىرانسىس تۈنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنى « زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلق » دەپ ئاتىدى. ئۇ يېقىندا يازغان Let Us Dream: the Path to a Better Future ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنى، خىتايدىكى خىرىستىئانلارنى ۋە يەزىدىلەرنى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار دەپ تىلغا ئالغان. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ روھىنگيالىقلار ۋە

[10] 外交网站，　“王毅：中日达成五点重要共识和六项具体成果 ”，全球网，24.11.2020. https://world.huanqiu.com/article/40plQkpUVeE

ئىراقتىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە ئوخشاش گەپنى قىلغان ئىدى.

بۇنىڭغا قارىتا خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار باياناتچىسى جاۋ لىجيەن «پاپانىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئاساسى يوق، خىتايدىكى پۈتۈن مىللەتلەر ھەرقانداق ھوقۇقى توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغان ھالدا كاپالەتكە ئىگە بولۇۋاتىدۇ، ھەر جەھەتتىن باراۋەر ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە مەۋجۇتلۇق، تەرەققىيات ۋە دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئېيتقان. [11]

## ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ھەپتىلىك تەرەققىياتى ھەققىدە ئانالىز ۋە تەۋسىيەلەر

ئامېرىكىدا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بارلىققا كېلىشى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. بىر تەرەپتىن بايدېن ھۆكۈمىتى قانداق بىر سىياسەت يۈرگۈزۈش ھەققىدە جىددى تەييارلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرمۇ ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئىلىپ بېرىش ھەققىدە دۆلەت ئىچى ۋە تاشقى سىياسىتىدە ئاز بولمىغان تەڭشەشلەر ئېلىپ بارماقتا. 21 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ھالقىلىق مۇناسىۋەت دەپ قارالغان ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتى بۇ ھەقتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

خىتاي تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەسىگە قارايدىغان بولساق، بىر تەرەپتىن

[11] Guardian, “Pope says for first time that China’s Uighurs are ‘persecuted’”, Guardian, 24.11.2020 https://www.theguardian.com/world/2020/nov/24/pope-says-for-first-time-that-chinas-uighurs-are-persecuted

ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزى بىلەن باغلاشقا ھەدەپ كۈچەۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بايدىن ھۆكۈمىتىگە ياخشى سىگنال بېرىشكە تىرىشماقتا. خىتاينى ئەڭ ئەندىشىگە سالغىنى بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قارشى يەرشارىۋى ئىتتىپاق تەشكىللەش ئىستراتېگىيەسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. تىرامپ بىلەن پەرقلىق ھالدا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ «ئامېرىكىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى » نى جاكارلىشى خىتاينىڭ خەلقئارا سەھنىدە ئامېرىكا بىلەن كۈچلۈك توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. خىتاي خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردا بۇرۇنقىدەك كۈچكە ئىگە بولالماسلىقى ۋە خەلقئارادا دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئۆكتەملىك قىلالماسلىقى مۇمكىن. دېموكراتىك دۆلەتلەرمۇ خىتايغا قارشى مەيداننى تېخىمۇ كۈچەيتىشى مۇمكىن. بۇنداق ھالەت بىزگە ياخشى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، بايدىن دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىلەر ۋە دىپلوماتىك ئۈچرىشىشلار ، مۇناسىۋەتلىك شەرتنامىلەرنى تۈزۈش، شۇنداقلا خەلقئارالىق ئورگانلارغا قايتىش ۋە تەرتىپكە سېلىش جەريانلىرى خىتايغا بولغان رەسمىي ئارىلىشىشىنىڭ ۋاقتىنى بىر ئاز كېچىكتۈرۈشى ۋە تىرامپقا قارىغاندا شىددىتىنى بىر ئاز چۈشۈرۈشى مۇمكىن. ھەم بايدىن ھۆكۈمىتىمۇ تىرامپتەك رادىكال ئۇسۇللار بىلەن خىتايغا تاقابىل تۇرمايدىغانلىقىنى بۇرۇندىن تارتىپ سۆزلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئوباما ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھۆكۈمەتلەردەك خىتايغا قارشى دوستانە بولالمايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇزۇن مەزگىللىك ئويلىغاندا بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى خىتايغا ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. تىرامپنىڭ يەكمۇ يەك تۈتۈشۈش تاكتىكىسى خىتايغا نۇرغۇن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ ساھىب بولغان كۈچىنى خىتايغا قارشى قوللىنالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، تىرامپ ھۆكۈمىتى قانداق ئۇسۇل قوللانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىتاينىڭ ھەقىقىي تەھدىت ۋە ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى

ئىشىنىڭ بۇ تەھدىتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىكەنلىكىنى ئامېرىكىدىكى ئىككى پارتىيەگە، ئامېرىكا خەلقىگە ۋە دېموكراتىك دۇنياغا كۆرسىتىپ بەردى. بۇ جەھەتتە ئامېرىكىدىكى ھەرقانداق ھۆكۈمەتتىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەر بىر تەرەپتىن خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ ماڭغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت بىخەتەرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە يەنىلا ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىش تەرەپدارى ئىكەنلىكى، ئامېرىكا ياخشى ئىستراتېگىيە قوللانسىلا بۇ رايوندا خىتايغا قارشى كۈچلۈك ئىتتىپاق ھاسىل قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە بايدىننىڭ يېڭى كابىنېتىنىڭ تاشقى سىياسەتكە ئىقتىسادنىمۇ ئەكىرىش ئىستراتېگىيەسى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا سەھنىگە قايتىپ كېلىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى لىدېرلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىشى پۈتۈن ئۆزگىرىشلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمىدۇر. پەقەت ئاقىلانە تاشقى سىياسەت يۈرگۈزسىلا، خىتاينىڭ مەۋجۇت سىستېمىغا تەھدىت ئىكەنلىكىنىڭ ۋە ھەم ئۆزگەرمەسلىكىنىڭ ئايان بولۇشى بىلەن، خىتايغا قارشى غايەت زور دېموكراتىك دۆلەتلەر لاگېرى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ تىرامپتىن كۈچلۈك بولغان تەرىپىدۇر.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەر

بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان مەسىلە، بۇ ئۆزگىرىشلەردە بىزنىڭ مەسىلىمىزنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە بۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قىلىشتۇر. ئالدىمىزدا بىزنى تىرامپ ھۆكۈمىتىدەك ھاياجانغا سېلىپ تۇرىدىغان ۋاقىتلار ئازلايدىغان، لېكىن بىز خەلقئارالىق سەھنىلەرگە چىقىپ مەسىلىمىزنى ئاڭلىتىدىغان پۇرسەتلەر كۆپىيىدىغان بىر ۋەزىيەت بىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان

بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى يۇقىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. بۇ سەھنىنىڭ ئاددى تەشكىلاتچىلىق زېھنىيىتىنىڭ ئەمەس ، سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە زېھنىيىتىنىڭ سەھنىسى ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم.
2. سىياسىي ئاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، بۇ ھەقتە سىستېمىلىق تەربىيىلىنىش ياكى خەلقئارالىق سەۋىيەدىكى شەخس ۋە ئورگانلارنىڭ ياردىمىدە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك.
3. ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۆزىتىش، ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە بۇلارنى ھۆججەتلەشتۈرۈش مۇھىم.
4. مەۋجۇت تەشكىلاتلار قۇرۇلمىسىنى ياشلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

# خىتاي بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

## 29.11.2020—23.11.2020

**نىجات تۇرغۇن**

1. خىتاي پرېزىدېنتى شى جىنپىڭ گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، ياۋروپانى خىتاي شىركەتلىرىگە ئوچۇق بولۇشقا چاقىرغان ۋە بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى تۈزۈشكە ۋەدە بەرگەن. ئەنجېلا مېركېل تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، سودا ۋە يېڭى ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى توغرىسىدا خىتاي بىلەن ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ تېلېفون كۆرۈشمىسى ئامېرىكانىڭ يېڭى سايلانغان پرېزىدېنتى بايدىن ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋەتلەرنى يېڭىدىن جانلاندۇرۇش توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكەندىن كېيىنلا، دەل ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەتلەرگە قارىتا يېڭى چەكلىمىلەرنى پىلانلاۋاتقان مەزگىلدە يۈز بەرگەن. [12]

## مۇلاھىزە:

خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەتلىرىگە چەكلىمىلەرنى

[12] Stuart Lau Stuart Lau ''Xi Jinping calls for Germany, Europe to 'remain open to Chinese companies' ''. SouthChinaMorningPost. 24.11.20. https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3111215/xi-jinping-calls-germany-europe-remain-open-chinese-companies?utm_medium=partner&utm_campaign=contentexchangeSCMP&utm_source=ABS-CBN

قويۇش ئارقىلىق خىتاينىڭ ياۋروپادىكى ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە شىركەتلەرگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياۋروپا ئىتتىپاقى جىددى قاراۋاتقان مەسىلە بولۇپ، مەقسىتى بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ۋە بەزى يۇقىرى تېخنولوگىيەلەردىكى ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاش ۋە يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ بۇلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆز دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچلەندۈرۈشى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىتىگە ئارىلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. خىتاي بۇ تېلېفون كۆرۈشمىسى ئارقىلىق ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ COVID ـ 19 سەۋەبلىك تۇرغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادى ۋە تىجارىتىنى خىتاي شىركەتلىرى ئارقىلىق جانلاندۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، قايتىدىن جانلانماقچى بولغان ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋەتلەرگە يېڭىدىن بىر توسقۇنلۇق پەيدا قىلىشقا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنى خىتاي ـ ئامېرىكا رىقابىتىدە ئامېرىكانىڭ تەرىپى ئالماي، بىتەرەپ تۇرۇشقا قىستىماقچى بولغان.

2. ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان چەتئەل مەبلىغى ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا مۇھىم بىر قەدەم ئالدى. خىتاي شىركەتلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ ياۋروپادىكى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، سانائەتتىكى ئىجادچانلىق، مۇداپىئە ۋە قوش ئىشلەتكىلى بولىدىغان تېخنولوگىيەلەر توغرۇلۇق ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى ئۇزۇندىن بۇيان ئەندىشە پەيدا قىلىۋاتقان بولۇپ، ياۋروپادىكى قىسمەن دۆلەتلەر بۇ مەبلەغ سېلىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا قارىتا ئۆز ئالدىغا قانۇنىي ۋاسىتىلەر بىلەن تەكشۈرۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمى ئورناتقان بولسىمۇ، ئەمما ياۋروپا ئىتتىپاقىدا ئومۇمى بىرلىككە كەلگەن بىر مېخانىزىم يوق ئىدى. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تىجارىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ قانۇن ئۆتكەن ئايدا رەسمىي

كۆچكە ئىگە بولدى. [13]

## مۇلاھىزە:

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن چىقىرىلغان بۇ قارار ياۋروپا كومىتېتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز - ئارا ھەمكارلىق ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، قارارغا ئاساسەن ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ياۋروپا كومىتېتىنى مەبلەغ سېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياۋروپا كومىتېتى يېڭى قانۇن رامكىسى ئىچىدە مەبلەغ سېلىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسىلىسىگە قارىتا پىكىر بايان قىلىدۇ ۋە ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گەرچە ياۋروپا كومىتېتىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن چەكلەش ھوقۇقى بولمىسىمۇ، ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كۈچلۈك سىگنال بېرەلەيدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يېڭى قانۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچ ئارقىلىق ياۋروپاغا تەسىر قىلىش، تېخنىكا ئوغرىلاش ۋە ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتلىرىگە داۋاملىق تۈردە زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بېسىلغان ياخشى بىر قەدەمدۇر. بۇنىڭغا قارىتا خىتايمۇ ئېكسپورت كونترول قانۇنى يولغا قويغان بولۇپ، 2020 - يىلى 1 - دېكابىردىن باشلاپ ئىجرا قىلماقچى ئىدى.[14] كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خىتاي بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇرۇنقى شېرىن ئاي مەزگىلىدىن بىر ئىستراتېگىيەلىك، سىستېمىلىق رىقابەت دەۋرىگە ئۆتۈۋاتىدۇ.

3. خىتاي پىرىزىدېنتى شى جىنپىڭ شەرقى جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرى

[13] Manisha Reuter. ''Responding to the China challenge: The state of play on investment screening in Europe". TheEuropeanCouncilonForeignRelations. 27.11.20. https://ecfr.eu/article/responding-to-the-china-challenge-the-state-of-play-on-investment-screening-in-europe/

[14] Xinhua."China's top legislature adopts law on export control".Xinhuanet. 17.10.20. http://www.xinhuanet.com/english/2020-10/17/c_139447955.htm

ئىتتىپاقى (ASEAN)نىڭ يىغىنىدا بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقنى بىلدۈرگەن. يەنە ASEANنىڭ خىتاينىڭ يېڭى يىپەك يولى پىلانىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى پىلانلىرىنىڭ تىجارەت، مەبلەغ سېلىش ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بېيجىڭ خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر پىروفېسسورى شى يىخوڭ بۇ ھەقتە بۈگۈنكى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، خەۋپسىزلىك ۋە ئىدېئولوگىيەلىك توقۇنۇشتا خىتاينىڭ ASEAN بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئېھتىياجى بارلىقى ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەلۋەتتە بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. [15]

## مۇلاھىزە:

خىتاي ئالدىنقى ھەپتىدە ASEAN دىكى دۆلەتلەر بىلەن رايونلۇق ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئىمزالىغان بولۇپ، بۇ كېلىشىم خىتاينىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكياندىكى ئىقتىسادىي تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، خىتاي - ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد چېكىنىشىدىن (Decoupling) پەيدا بولىدىغان بېسىمغا قارشى تۇرۇشتا مۇھىم . بۇ قېتىمقى بايانات بايدىننىڭ ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەت كۈنتەرتىپىدە دۇنياۋى رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاسىيا - تىنچ ئوكياندىكى ئىتتىپاقداشلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن بېرىلگەن. ئامېرىكا - خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ مۇھىملىقى

[15] Laura Zhou.'' 'Let's build a digital Silk Road': Xi Jinping looks to cement China's ties with Asean" SouthChinaMorningPost. 27.11.20. https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3111612/lets-build-digital-silk-road-president-xi-promises-ways-china

كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ ۋە بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايغا، خەۋپسىزلىك جەھەتتە ئامېرىكاغا ئېھتىياجلىق بولماقتا. ئالدىمىزدىكى يىللاردا بۇ ئىككى كۈچنىڭ بۇ رايوندىكى رىقابىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

4. ھىندونېزىيەنىڭ خىتايغا بولغان بېقىندىلىقى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان داۋاملىق ئاشقان بولۇپ، بۇ ھىندونېزىيەگە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھىندونېزىيەنىڭ خىتايغا بولغان قەرزى بارغانسىرى ئېشىپ بارغان بولۇپ ۋە خىتاي بىلەن تىجارەت پۇل مۇئامىلىسىدە خىتاينىڭ پۇلى يۈەننى كۆپلەپ ئىشلەتكەن. ھىندونېزىيە ئۆزىدىكى خىتايغا ئىقتىسادىي بېقىندىلىق سەۋەبىدىن سىرىلانكاغا ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ ۋە بۇ بېقىندىلىقنى ئاجىزلىتىش ئارقىلىق شەرقى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تېررىتورىيەسىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. [16]

## مۇلاھىزە:

خىتاي جۇغراپىيەلىك سىياسىي كېڭەيمىچىلىكىدە ئىقتىسادىي كۈچنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇستەملىكىچىلىكنىڭ بۇ يېڭى ئۇسۇلى گەرچە خەتەرلىك بولسىمۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېھتىياجى بولغان ئاسىيا ۋە ئافرىقادىكى دۆلەتلەر بۇنى قوبۇل قىلماقتا. بۈگۈن ھىندونېزىيەدەك تېز تەرەققى قىلىۋاتقان بىر دۆلەتنىڭمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتايغا بولغان بېقىندىلىقنىڭ كۈچىيىشى ئەندىشە قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بولۇپ،

[16] Muhammad Zulfikar Rakhmat''Growing dependence on China is dangerous for Indonesia – what can be done?". TheConversation. 27.11.20. https://theconversation.com/growing-dependence-on-china-is-dangerous-for-indonesia-what-can-be-done-150372

ئىقتىسادىي بېقىندىلىقىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن نۇرغۇن دۆلەتلەر ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ئىگىلىك هوقۇقىنى يوقىتىشقا، ئاندىن سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىل قارار چىقىرالماي، خىتاينى قوللايدىغان سىياسەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولماقتا. بۇ ئۆزۈن مەزگىلدە بۇ دۆلەتلەردە ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىممۇ ياكى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش ھەل قىلىش قىيىن بىر قىسىم مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەر داۋاملىق تۆردە كۆزىتىشكە ئەرزىيدۇ.

5. خىتاي جەنۇبىي دېڭىز ئىستراتېگىيەسىنى ھىمالايا تېغىغا ئىشلىتىۋاتىدۇ. خىتاي تىبەت بىلەن بۇتان خاندانلىقى تۇتىشىدىغان ئېگىز تاغ رايونىدا بىر يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان بولۇپ، بۇ يېڭى يېزىغا 100 گە يېقىن خىتاي پۇقراسى كۆچۈپ كىرگەن ۋە ئۇ يەردە خىتاي دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، دۆلەت شېئىرىنى ئېيتقان. سۈنئىي ھەمرادىن كۆرسىتىلىشىچە، بۇ خىتاي ئۆزىگە تەۋە قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان زېمىن بۇتانغا تەۋە زېمىننىڭ بىر ئېنگىلىز ملى ئىچىدە.[17] خىتاي بۇ قېتىممۇ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكىگە ئوخشاش تاكتىكا قوللانغان. بۇ يىل يازدا خىتاي بۇتاننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە چېگرا تالىشىش مەسىلىسى پەيدا قىلغان بولۇپ، 300 ئېنگىلىز كۋادرات مىلغا توغرا كېلىدىغان زېمىننىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[18] بۇتان ئاخبارات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى Tingzing Lamasang تۆۋەنتىكىدەك ئېنىقكى، خىتاي تەرەپ سەبرىنى يوقاتقاندەك تۇرىدۇ دېگەن.

ماسساچۇستېس ئىنستىتۇتى خەۋپسىزلىك تەتقىقات پروگرامما مۇدىرى،

[17] Steven Lee Myers.''Beijing Takes Its South China Sea Strategy to the Himalayas".TheNewYorkTimes. 27.11.20. https://www.nytimes.com/2020/11/27/world/asia/china-bhutan-india-border.html
[18] Anbarasan Ethirajan. ''Why Bhutan's Sakteng wildlife sanctuary is disputed by China". BBC news. 25.11.20. https://www.bbc.com/news/world-asia-55004196

تەتقىقاتچى Taylor Fravel بۇ خىتاينىڭ ئاخىرى ئۆزى تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان تېررىتورىيەگە بولغان كونتروللۇقىنى مۇستەھكەملەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دېگەن.

## مۇلاھىزە:

خىتاي يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان شەرقى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى رايونلىرىدا سۇنئىي ئاراللارنى ياساپ، ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىۋالماقتا ۋە ھىندىستان، نېپال ۋە بۇتان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ چېگرا مەسىلىسى پەيدا قىلىپ، بۇ دۆلەتلەردە ئۆزىگە تەۋە زېمىنلارنىڭ بارلىقىنى دەپ كەلمەكتە. بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، خىتاي بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىسادىي كۈچى بىلەنلا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ قالماستىن، يەنە تېررىتورىيە دەۋاسى (Territorial Claim) پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى ھەقلىق ھالەتكە ئەكىلىپ، ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

## تەۋسىيەلەر

1. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى داۋاملىق تۈردە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىگە يانتاياق بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە غەربنىڭ بەزى شىركەتلىرىدىن ئالغان ئىلغار تېخنولوگىيە ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمغا قاتنىشىۋاتقانلىقىنى، ھەمدە بۇگۈنكى خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرى قۇللۇققا سېلىش سىياسىتىدە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ پايدا ئالغۇچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ۋاستىلىق ياردەمدە بولغان ۋە پايدا ئېلىۋاتقان بۇ شىركەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينى كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق ياۋروپانىڭ سىستېما رىقابەتچىسى بولغان خىتاينى كۈچلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىتىش لازىم. شۇنداقلا ياۋروپا پارلامېنتىدا ۋە ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەردە بۇ ئىككى تۈردىكى شىركەتلەرگە چەكلىمە قويىدىغان قانۇنلارنى چىقىرىشقا كۈچەش

لازىم.

2. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ۋاسىتىلەر بىلەن جۇغراپىيەلىك سىياسىي كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر مۇستەملىكە زېمىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم ۋە خەلقئارادىكى ھەر قايسى ئاقىللار ئامبىرى ۋە ئاكادېمىكلار دۇنياسىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەملىكە تارىخى ۋە مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش (Deconolization)نىڭ قانۇنلۇق يوللىرى توغرىسىدىكى تېمىلار ھەققىدە تەتقىقات قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ ۋە تەۋسىيە بېرىش، ئاخىرىدا دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى پارلامېنتلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەملىكە زېمىن ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشقا ئاساس ھازىرلاش لازىم. بۈگۈنكى خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتتە بۇنى قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا چىقىرىشنىڭ ئىمكانىيىتى كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

3. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى شەرقى جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە تونۇتۇشقا ئاساس سېلىش لازىم. چۈنكى خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ بۇ زېمىنلاردىكى كېڭەيمىچىلىك پائالىيەتلىرىمۇ بارا ـ بارا كۈچىيىدۇ. بۇ ۋەجىدىن بۇ دۆلەتلەرنىڭمۇ خىتاينىڭ ئاجىز نۇقتىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت مەسىلىلىرىگە بولغان قىزىقىشى كۈچىيىشى مۇمكىن. پۇرسەتلەر مەيدانغا چىقىشتىن بۇرۇن پۇختا تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم.

# خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى

## 29.11.2020—16.11.2020

### مەمەتئېلى مەمەتئىمىن

خىتاي دىنىي ئىشلار ئىدارىسى «خىتاي جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىلىرى» ھەققىدە ئاشكارا پىكىر ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى ئېلان قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خىتاي دىنىي ئىشلار ئىدارىسى «خىتاي جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىلىرى» گە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە ئاشكارا پىكىر ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى ئېلان قىلدى[1]. خىتاي 2000 ـ يىلى بۇ نىزامنى يولغا قويغاندىن كېيىن 2010 ـ يىلى بىر قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزگەن ئىدى[2].

بۇ قېتىمقى ئۆزگەرتىشتە بىر قانچە نۇقتا ئالاھىدە دىققەت تارتىدۇ:

[1] <国家宗教事务局关于《中华人民共和国境内外国人宗教活动管理规定实施细则（修订征求意见稿）》公开征求意见的通知>、中华人民共和国司法部、 2020年11月18日、http://www.moj.gov.cn/news/content/2020-11/18/zlk_3260126.html

[2] 〈国家宗教事务局令第9号 《关于修订<中华人民共和国境内外国人宗教活动管理规定实施细则>的决定》〉、 国家宗教事务局、 2010年12月08日、 http://www.sara.gov.cn/bmgz/316493.jhtml

مەسىلەن: بۇ قېتىم قوشۇلغان 5 ـــ ماددىدا «چەتئەللىكلەرنىڭ خىتايدا ئېلىپ بارغان دىنىي پائالىيەتلىرى خىتاينىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشى ، خىتاينىڭ دىنىي مۇستەقىللىقى ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇش پىرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى ، دىننى ئىشلىتىپ خىتاينىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ، ئىجتىمائىي جامائەت مەنپەئەتى ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك» دېيىلگەن. 8. ماددىدا « كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەت تەشكىللەشنى ئىلتىماس قىلغان ياكى ۋاقىتلىق سورۇن تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان دۆلەت ئىچىدىكى چەتئەللىكلەر ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پائالىيەت تەشكىللىگۈچى سايلىشى كېرەك ۋە بۇ تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ خىتاينى ئۆچ كۆرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بولماسلىقى كېرەك » دېيىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا چەتئەللىكلەر خىتايدا دىنىي تەربىيە ئالماقچى بولسا دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بولۇشى كېرەك، خىتايدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى بولغان ۋە دىنىي مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولغان شەخس ۋە تەشكىلاتلار خىتاينى ياخشى كۆرىدىغان بولۇشى، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك دېگەندەك يىگى مەزمۇنلار بار[3].

## مۇلاھىزە:

خىتاي بۇ قېتىم ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋە كەڭ دائىرىلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. بۇ قېتىم ئىلگىرىكى 22 ماددا 40 ماددا بولۇپ ئۆزگەرتىلدى ۋە نىزامنامىلەر تېخىمۇ كەڭ، ئىنچىكە ۋە قاتتىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

[3] <国家宗教事务局关于《中华人民共和国境内外国人宗教活动管理规定实施细则（修订征求意见稿）》公开征求意见的通知>、中华人民共和国司法部、 2020年11月18日、http://www.moj.gov.cn/news/content/2020-11/18/zlk_3260126.html

خىتاي ھاكىمىيىتى ئەزەلدىن خىتايدا دىنىي ئەركىنلىك بار، دىنىي ئېتىقادقا ھۆرمەت قىلىمىز دەپ كەلگەن بولسىمۇ، يىللاردىن بېرى خىتاي ئىسلام، خىرىستىئان ، بۇددىزم قاتارلىق دىنلارغا قاتتىق قول سىياسەت ئېلىپ باردى ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرۇشقا تىرىشتى. مەسىلەن: ئىسلام دىنىنى مىسالغا ئالساق خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا " ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش" (伊斯兰教中国化) سىياسىتىنى قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن يولغا قويۇپ دىنىي پائالىيەتلەرنى خىتايچىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا[4]. ئىسلام كۈلتۈرىنى ئەرەپ كۈلتۈرى دەپ ئاتاپ، ئەرەپلىكتىن يىراقلاشتۇرۇش (去阿拉伯化) نامىدا مۇسۇلمانلىقتىن ئۇزاقلاشتۇرماقتا[5]. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاش، ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ بىر پارچىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا خىتايدا ئىسلامدىن قورقۇش پىسخىكىسى (islamophobia) ۋە ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىكمۇ بار. ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ 2018 ـ يىللىق دوكلاتىدىمۇ خىتاينىڭ ئۆز ئاساسىي قانۇنىغا ۋە خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك ئەھدىنامىسىگە زىت ھالدا دىنىي ئەركىنلىككە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا[6].

ئەسلىدە خىتاي، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت دەپ قارىغان پۈتۈن ئامىللارنى كونترول قىلىش ھەتتا يوق قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارماقتا. بۇ خىل كۆز قاراش خىتاينىڭ ئۆزىگە يات بولغان ئىنسان، ئېتىقاد ، پىكىر، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق پۈتۈن نەرسىدىن گۇمان قىلىش ۋە يوق قىلىش كۈلتۈرىدىن كەلگەن.

[4] <中国机密文件曝光　强推伊斯兰教「中国化」>、自由亞洲電臺, 2018年6 月22 日, https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/shehui/yl-06222018105345.html

[5] 靳薇,<勿让两种极端化民族主义撕裂新疆>,金融时报, 2017年7 月31日, http://www.ftchinese.com/story/001057527?archive

[6] “United States Commission on International Religious Freedom Annual Report 2018”, United States Commission on International Religious Freedom, April 2018, p.32-33. http://www.uscirf.gov/sites/default/files/2018USCIRFAR.pdf

ئەمدىلىكتە خىتاي، خىتاي ئىچىدىكى چەتئەللىكلەرنىڭمۇ دىنىي پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىش ۋە چەكلەشكە ئۆرۈنماقتا. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەسلىدە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خىتاي ئىچىدىكى پۈتۈن دىنلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى ۋە دىندىن ئالاھىدە ئەنسىرەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن بېرى پۈتۈن ساھەدە قاتتىق قول سىياسەت ئىلىپ بېرىۋاتىدۇ . خىتاي ئىچىدىكى چەتئەللىكلەرنىڭ ئىش ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ۋە «قانۇن» ئىسمى ئاستىدا چەكلىمە قويۇشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. خىتاينىڭ بۇ خىل چەكلىمىلىرى خەلقئارادىكى دىنىي داھىيلار، تەشكىلاتلار، ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيەتلىرى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، چەتئەللىكلەرنىڭ خىتاينى ھەققىي مەنىدە تونۇشىغا پايدىسى بولۇشى مۇمكىن.

خىتاي دۆلەت ئىشلىرى باش مىنىستىرى لى كېچياڭ ـ 11ئاينىڭ ـ 25كۈنى دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىجرائىيە يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىدىغان تەدبىر دەپ قارىغان ئىشەنچسىزلەرنى چەكلەش سىستېمىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى بېكىتتى[7] .

يىغىندا ئالتە ماددىلىق تەدبىر قارار قىلىندى.

1. كونكېرت ھەرىكەتلەرنى ئامىۋى ئىناۋەت ئۇچۇرلىرىغا كىرگۈزۈش ۋە جەمئىيەتكە ئاشكارىلاش،

[7] 〈李克强主持召开国务院常务会议确定完善失信约束制度健全社会信用体系的措施，为发展社会主义市场经济提供支撑；通过《中华人民共和国安全生产法（修正草案）》〉、人民日报、 2020年11月27日 第01版、http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-11/27/nw.D110000renmrb_20201127_7-01.htm

2. ئامموۋى ئىناۋەت ئۇچۇرلىرىنى ھەمبەھىرلەش دائىرىسى ۋە تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، 3. ئېغىر دەرىجىدىكى ئىشەنچسىز شەخس ۋە ئورۇنلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېنىقلاش ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە خەلقنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھايات بىخەتەرلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان ، ئادىل بازار رىقابىتى تەرتىپى ۋە نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپكە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنى ئېنىقلاش ۋە قاتتىق چەكلەش، 4. ئىشەنچسىزلەرنى قانۇن-نىزاملار بويىچە جازالاش، جازانىڭ مۇناسىپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش،

5. ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە قولايلىق ئىناۋەت تۈزىتىش مېخانىزمى بەرپا قىلىش،

6. ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ۋە مەخپىيەتلىكىنى قوغداشنى كۈچەيتىش .

بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ مۇھىم تېمىسى ئىشەنچسىزلەرنى چەكلەش سىستېمىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى بولدى. خىتاي ئادىل ۋە سەممىي بازار مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچسىزلەرنى چەكلەش سىستېمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ياخشىلاش ، ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسىنى ياخشىلاشنى قارار قىلغانلىقىنى تەكىتلىدى .

## مۇلاھىزە:

ئەسلىدە خىتاينىڭ بۇ ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسى 2007- يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان[8] ۋە 2009- يىلى بەزى رايونلاردا سىناق قىلىنىشقا

[8] 〈国务院办公厅关于社会信用体系建设的若干意见国办发〔2007〕17号〉、中华人民共和国中央人民政府、 2007年4月02日、http://www.gov.cn/zwgk/2007-04/02/content_569314.htm

باشلىغان ئىدى[9]. 2014 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى«ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسى قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ مەزمۇنى» ناملىق ئۇقتۇرۇشنى رەسمىي ئېلان قىلدى[10]. بۇنىڭدا 2020 ـ يىلىدا بۇنى تامامەن ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانلاندى.

ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسى ئەسلىدە دۇنياغا ئانچە ناتونۇش نەرسە ئەمەس. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بۇ بانكىدىن قەرز ئېلىش، مۇلازىمەتنى باھالاش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسىنى تامامەن پەرقلىق نەرسە دېيىشكە بولىدۇ. خىتاي بۇ ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسىنى پۇقرالارنىڭ ھەرىكىتى ۋە«ئىشەنچلىكلىكىگە» ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە كېڭەيتتى. خىتاي بۇنى شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنىڭ «ئىشەنچلىكلىك » دەرىجىسىنى باھالاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىدى[11]. بۇ يېڭى تەدبىرلەربۇ سىستېمىنىڭ پۈتۈن خىتايدا يولغا قويۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. خىتاينىڭ خىرىسى، سىستېمىسى، تاشقى سىياسىتىدىكى ئۆكتەملىكى ،خىتاي ـ ئامېرىكا رىقابىتى قاتارلىق ئامىللاردىن تۈپەيلى خىتايدىكى بۇ تەرەققىياتلار ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

خىتاي بۇ سىستېمىنى ئەڭ ئاساسلىقى خەلقنى كونترول قىلىش مەقسىتىدە قىلغان بولسىمۇ، خىتايدەك ئىنسان ھەقلىرى، ئادالەت، شەخسىي ئۈچۈر قانۇنى قاتارلىق قانۇنلار بولمىغان ياكى قانۇن ئېڭى تۆۋەن بىر دۆلەتتە،

[9] 〈关于进一步加强社会信用体系建设的实施意见〉、 大竹县人民政府、 2009年5月06日、http://www.dazhu.gov.cn/html/news/zcwj/zfbf/2020-09/26024.html
[10] 〈国务院关于印发社会信用体系建设规划纲要（2014—2020年）的通知国发〔2014〕21号〉、中华人民共和国中央人民政府、2014年6月27日、 http://www.gov.cn/zhengce/content/2014-06/27/content_8913.htm
[11] 乔龙、〈RFA独家： 新疆伊犁80哈萨克族人被捕 昭苏县一阿訇被判刑八年〉、自由亚洲电台、2017年7月17日、 https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/shaoshuminzu/ql2-07172017103134.html

ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسى ئىسمى ئاستىدا خەلقنىڭ پۈتۈن ئۇچۇرلىرىنىڭ توپلىنىشى ۋە نومۇر قويۇلۇشى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە نارازىلىقى، جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشى ،سىستېمىدىكى نومۇرى تۆپەيلى جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانلارنىڭ زوراۋانلىق قىلىشى، پىسخىكا ساغلاملىقى قاتارلىقلار. خىتاي، سۈنئىي زېھىن، ماشىنا ئادەم قاتارلىق كەلگۈسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېخنىكا ساھەلىرىدە ناھايىتى تېز تەرەققى قىلماقتا. بۇ سىستېما ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلار خىتاينىڭ يۇقىرىدىكى ساھەلەردىكى تەتقىقاتلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

## تەكلىپ – تەۋسىيەلەر

خىتايدىكى چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالى ئانچە بىلىنمىگەن بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ قېتىملىق كىرگۈزگەن ئۆزگەرتىشتىمۇ نۇرغۇن كۆنتەرتىپ قىلغىلى بولىدىغان گەپلەر بار. دۇنيا بۇنىڭغا يېڭى مەسىلە سۈپىتىدە قىزىقىشى ۋە مۇنازىرە قوزغىشى مۇمكىن. شەرقىي تۈركىستانلىق دىنىي ساھەدىكى زىيالىيلار بۇ تېما ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي ئەھۋالنى كۆنتەرتىپكە ئەكېلىشكە تىرىشىشى كېرەك. بۇنى ئىسلام دۇنياسىغا تەشۋىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىشى كېرەك.

خىتايدىكى ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسى مەسىلىسى خېلىدىن بېرى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان مەسىلە ئىدى، يەنى بۇ نۇرغۇن ئادەم بىلىدىغان مەسىلە. بۇ قېتىم ئالتە ماددىلىق تەدبىرنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئاكادېمىكلار ، پائالىيەتچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتلىرى بۇ تەدبىرلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىناق يېرى قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى قاتارلىقلارنى ماقالە قىلىپ يېزىشى ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۆنتەرتىپ يارىتىشى كېرەك. ھەتتا ئىمكان بولسا خىتاي پۇقرالىرىغىمۇ بۇ تەدبىرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ

بېرىش كېرەك.

قانۇنچىلار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتايدىكى ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسىنىڭ ماھىيىتى، قانۇنسىزلىقى، قانداق خەۋپلەرنىڭ ئەكېلىدىغانلىقىنى ھەققىدە ماقالىلەر يېزىشى ، بۇنىڭ بىلەن باراۋەر بۇ سىستېمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى بىلەن مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار تېمىلارنى تەتقىق قىلىپ دوكلات تەييارلاش ۋە تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىتىش كېرەك.